# مىراسقا ئىگە بولۇش ئىنئام قىلغان كىشىگە بولىدۇ

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ ئائىشە ئەنسارلارنىڭ بىرىدىن بەرىرە ئىسىملىك بىر قۇلنى سېتىۋالغاندا ئۇلار ئائىشەگە بەرىرەنىڭ مىراسىغا ئىگىدارچىلىق قىلىشنى ئۆزلىرىگە بولۇشنى شەرت قىلىپ ساتقان. شۇ ۋاقىتتا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: قۇلنى كىم ئازات قىلغان بولسا مىراسقا ئىگە بولۇش شۇ كىشىگە ئائىت بولىدۇ، دېگەن. رەسۇلۇللاھ بەرىرەگە، يولدىشى بىلەن ئۆي تۇتۇش ياكى تۇتماسلىق ئىختىيارلىقىنى بەرگەن، ئۇنىڭ يولدىشى قۇل ئىدى. بەرىرە ئائىشەگە گۆش ھەدىيە قىلغان ئىدى، رەسۇلۇللاھ ئۆيگە كىرىپ، بۇ گۆش بىلەن بىزگە تاماق قىلىپ بەرگەن بولساڭلار؟ دېگەن ئىدى. ئائىشە رەسۇلۇللاھقا: بۇ گۆش بەرىرەگە سەدىقە قىلىنغان گۆش ئىدى، دېگەن. شۇ ۋاقىتتا رەسۇلۇللاھ: ئۇ گۆش بەرىرەگە سەدىقە بولسا، بەرىرە بىزگە بەرسە، ئۇنىڭدىن بىزگە ھەدىيە بولىدۇ، دېگەن

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

بۇ ھەدىس شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بەرىرەنى سېتىۋېلىپ ئازات قىلىۋەتكەندە، بەرىرەنىڭ ئىلگىرىكى خوجايىنى ئۇنىڭ ئىگىدارچىلىقىنى ئۆزلىرىدە بولۇشنى شەرت قىلغان. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئائىشەگە بۇ شەرتنىڭ دۇرۇس بولمايدىغانلىقىنى بايان قىلغان. كىمىكى قۇلنى ھۆرلۈككە چىقارغان بولسا، شۇ كىشى ئۇنىڭ ئىشلىرىغا ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولىدۇ. بەرىرە مۇغىس ئىسىملىك بىر قۇلنىڭ ئايالى ئىدى، ئۇ ئازات بولۇپ ھۆرلۈككە چىققاندا رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا يولدىشى بىلەن ئۆي تۇتۇش ياكى ئايرىلىپ كېتىش ئىختىيارلىقىنى بەردى. چۈنكى ئۇ ئايال ھۆر بولغانلىقىدىن ئىرىدىن يۇقىرى مەرتىۋىدە بولغان. شۇ ئارىلىقتا بەرىرەگە بىر كىشى گۆش ھەدىيە قىلغان ئىدى، بەرىرە ئۇ گۆشتىن بىر پارچىنى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا ئەۋەتكەن، رەسۇلۇللاھ ئۇ گۆشتىن يېمەكچى بولغاندا ئائىشە: ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ گۆش بەرىرەگە سەدىقە قىلىنغان گۆش بولۇپ، ئۇنى بەرىرە بىزگە كەلتۈرگەن، سىلى سەدىقە قىلىنغان گۆشنى يېمەيدىلا، دېدى. رەسۇلۇللاھ: ئۇ گۆش بەرىرەگە سەدىقە، بىزگە ھەدىيە بولىدۇ، دېدى. يەنى بەرىرەگە سەدىقە ئارقىلىق كەلگەن بولسا، بىزگە ھەدىيە يولى بىلەن كەلگەن بولىدۇ، شۇ سەۋەبلىك ئۇنىڭ ھۆكمى ئۆزگىرىدۇ، ئۇ ۋاقىتتا رەسۇلۇللاھ ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسى ئۇ گۆشتىن يېيىشى چەكلەنمەيدىغانلىقىنى بايان قىلغان

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/58081

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee